بىرەۋلەر تارىم ۋادىسىنىڭ يەرلىك تۇپ ئاھالىسى — ئۇيغۇرلارنى ياۋروپا - ئاسىيا ئىرقى، ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئاق ئىرقتىن دەيدىغان بولسا، بۇ پاكىت بولغان بولاتتى. ئەگەر تارىم ۋادىسىدا قەدىمدە ھىندۇ - ياۋروپالىقلار ياشىغان دېيىلىدىكەن، بۇ مەۋھۇم بىر ئۇقۇم بولۇشى بىلەنلا قالماي، تارىخىي پاكىتلارغا زىت، تەۋەككۇلغا قىلىنغان پانتازىيە بولۇپ، تارىخقا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقتۇر.

ئىككىنچىدىن، مېنىڭ بۇ يەردە گەپ تۇغرىدىن - توغرا مەملىكىتىمىز زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى، مەملىكىتىمىز تارىخىنىڭ ئۈزۈۋى بىر قىسمى، بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز — بىر ۋاقىتلار گۈللەپ - ياشنىغان يۈكسەك مەدەنىيەتلىك بۇددىچى تارىم ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ سىمۋولى كوچا ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇددىچى تارىم مەدەنىيىتى ھەممىدىن بۇرۇن كوچا مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش مەملىكىتىمىز ئالىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، كوچا مەدەنىيىتىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى زور ئەمگەك ۋە ئۇزۇن بويى ھارماي - تالماي تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان چوڭ ئىش بولغانلىقتىن، مەن ئېختىساس ئىگىلىرىنى قەدىمكى كوچا مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە جەلپ قىلىش غەرىزىدە، نۆۋەتتە كونكرېت مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتقان توخارلار، ياۋچىلار جۈملىدىن كۈسەن ئىمپېرىيەسى ھەققىدىكى مۇلاھىزەمنى جامائەتچىلىكنىڭ تەنقىدىي نەزىرى ئاستىغا تەقدىم قىلماقچىمەن.

## توخارلار ۋە توخارىستان

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى قەدىمدە تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ تىلىدا تۈرلۈكچە ئاتالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەردە ياشىغان يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت جەنۇبىي روسىيە بوزقىرلىرىدىن شەرقتە ئالتاي، شىمالدا سىبىرىيە، جەنۇبتا ئىران ۋە تىبەت ئېگىزلىكلىرىگىچە سوزۇلغان پايانسىز تېررىتورىيىدە ياشىغۇچى ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ئاھالىنى بىر تۇتاش سكىف (Scythia) دەپ ئاتايدۇ. «بىبلىيە» (تەۋرات) دا «سكىف» نوھنىڭ ئوغلى يافەس (Rфem ياكى uaфem) نىڭ ئەۋلادى دەپ ھېكايە قىلىنغان. دېمەك، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى XI ئەسىردە «تۈركى تىللار دىۋانى» دە بەرگەن نوھنىڭ ئوغلى يافەس تۈركنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىسلامچە راۋايەتنىڭ ئاساسى «بىبلىيە» بولۇپ، قەدىمدە يۇنانلىقلار ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى باشقا خەلقلەر ئوتتۇرا

ئاسىيالىقلارنى «سكىف» دەپ ئاتىغان. ئىرانلىقلار بولسا سكىفلەرنى «ساك» (Sacae) دېگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ مەنبەلىرى، مەسىلەن، ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلىرى»، بەنگۇنىڭ «خەن سۇلالىسى تارىخى» دا پۈتۈلگەن «塞人» ياكى «塞种人» ئەنە شۇ ساكلار (سكىفلەر) دۇر.

سكىفلەرنىڭ تۇرمۇش ـ مەئىشەتلىرى ھەققىدە يازما تارىختا بىرىنچى قېتىم سىستېمىلىق مەلۇمات بەرگەن ھېرودوت سكىفلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك قەبىلىلىرى دەپ «ماساگىتلار» جۈملىدىن «داخا» لارنى كۆرسەتكەن. فارىس شاھلىرىدىن دارانىڭ سكىفلەر ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى ئۈستىدە يېزىپ، سكىفلەر ئىچىدە «ئەڭ باتۇر ۋە دادىل» بولغان ماساگىتلار ــ داخالارنىڭ قوللىرىغا قورال ئېلىپ باسمىچى دارا قوشۇنىغا قارشى ۋەتەن مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. ئېركسۆۋەر، ئېر يۈرەك ماساگىتلار ــ داخالار ھەققىدە شائىرانە بىر تىل بىلەن «شىراق»، «تومارىس» ئەپسانىلىرىغا ئوخشاش ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەر قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ماساگىتلار ــ داخالارنىڭ ھىندىستانلىقلاردىن قالسا «دۇنيادا ئاھالىسى ئەڭ كۆپ» بولغان سكىفلەرنىڭ شىمالىي تارمىقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. شۇنىسى دىققەتكە ئەرزىيدۇكى، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كۈنگە جۈملىدىن ئوتقا تېپىنىدىغان ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىش بىلەن سىستېمىلاشقان بىرىنچى مىللىي دىنى ــ ئاتەشپەرەستلىك (زارو ئاستىرىزىم) نىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا سان ـ ساناقسىز قوشۇنلىرى، مەرد قوماندانلىرى، يايلاپ تۇرغان چارۋامال‌لىرى، سۇلۇق، ئوت ـ چۆپلۈك يايلاقلىرى، ئېگىز تاغلىرى، چوڭقۇر كۆللىرى، كەڭ دەريالىرى بولغان سكىفلەر مەملىكىتى تەسۋىرلەنگەن ۋە داخالارغا مەدھىيىلەر ئوقۇلغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئىلاھلار ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى ئېپىك ئەپسانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياشتالار قىسمىدا داخالارنىڭ باتۇرلۇقلىرى تەرىپلىنىدۇ. «ئاۋېستانىڭ ياشتالىرىدا داخالارنىڭ توقماق بىلەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن باتۇرى كېرېشاسىپ ۋە قۇدرەتلىك ئىران شاھىغا قارشى كۈرەشكەن ئەپسانىۋي ئەفراسىياب قاتارلىق قەھرىمانلىرى كۈيلىنىدۇ.»[1] ئاۋېستادا كۈيلەنگەن داخالارنىڭ باتۇرى ئەفراسىياب، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ باسقۇنچى ئەخمەنىدىيلەر ئىرانىغا قارشى ئۆز ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن مىلادىدىن

[1] «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» I توم 1 ـ كىتاب، 59 ـ بەت.

بۇرۇنقى 529 - يىلدىن 329 - يىلغا قەدەر 200 يىل داۋامىدا ئېلىپ بارغان مۇجادىلىسىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەن ئېپىك داستان — «شاھنامە» دە «تۇران شاھى» بەزى مەنبەلەردە «تۇرامان شاھى» نامى بىلەن مەنبەدىن مەنبەگە، تىلدىن تىلغا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ كېلەۋاتقان ئەفراسىياپتۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە شۇ ئەخمەنىدىي شاھلىرىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 486 - يىلدىن 465 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كىسىركىسىدىن قالغان مەڭگۈ تاشتىكى فارسلار بويسۇندۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرىنىڭ 4 - سىنىڭ نامى «داگا» دۇر. بۇ «داگا» لار — شۈبھىسىز ھېرودوتنىڭ ئەسىرى ۋە «ئاۋېستا» دىكى داخادۇر.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزاق مۇددەت ئىراندا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە ماتېرىيال توپلىغان كتېسىي (Ctesias) ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىن ئۆتكەن كسېنوفونت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 430 — 375 - يىللار؟) لار فارس دۆلىتىدىكى كىر (Kyrus) نىڭ ئاۋۋال، باقتىرالىقلارنى ئۇنىڭدىن كېيىن سەكلەر (سكىفلەر) نى بويسۇندۇرغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ. كتېسىنىڭ يېزىشىچە، سەك شاھى ئامورگا كىرنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭ قەھرىمان خوتۇنى سپارتېرا ئەر - ئاياللاردىن ئەسكەر توپلاپ كىر بىلەن ئۇرۇشۇپ، كىرنى تار - مار قىلىش بىلەن ئېرى ئامورگانى قۇتۇلدۇرغان. ئازاد بولغان ئامورگا كىرنىڭ داخالارغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 329 - يىلنىڭ باھارىدا ئىسكەندەر ئىشغالىيىتىگە قارشى يۈز بەرگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇلۇغ قوزغىلىڭى ھەققىدە يازغان يۇنان، روما تارىخچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە داخالارنىڭ نامى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ يىلىنىڭ باھارىدىن كۈزگىچە ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىن قىلىپ 120 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىغان ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئىستىقلالىيەتلىرى يولىدىكى كۈرەشلىرىنى يەنىلا بېسىقتۇرالمايدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانى سوغداق سپىتامېن ماراكەندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ئاز مۇددەت ئۆلكىدە يۈرۈپ، ئاندىن قىرغا چىقىپ كېتىدۇ ۋە داخالار ئىچىگە كىرىۋېلىپ پانا تاپىدۇ. سپىتامېنىڭ ئىسكەندەرگە قارشى پائالىيەتلىرى داخالار بىلەن چەمبەر - چەس باغلانغان. خۇددى كىرگە ئوخشاشلا ئىسكەندەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوز قىرلىرىدىكى سەكلەر - داخالارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ.

سەكلەر، ماسساگېتلار جۈملىدىن داخالارنىڭ يۇنانلىقلارغا قارشى كۈرىشى ئىسكەندەر ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ. مۇرغاپ دەرياسى بويىغا سېلىنغان

ئىسكەندىرىيە شەھىرى داخالار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىپ تاشلىنىدۇ. سېلېۋك I دەۋرىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئانتىئوخ تەرىپىدىن شەھەر قايتىدىن بىنا قىلىنىپ، زور سېپىل بىلەن ئىھاتىگە ئېلىنىدۇ. ئانتىئوخىيە نامىدىكى بۇ يېڭى شەھەر ئارقىلىق ئېكىنزار مەرۋ ۋادىسىنى داخالارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىماقچى بولۇشقان كەلگىندى مۇستەملىكچىلەر ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ. III ئەسىرنىڭ باشلىرىدا داخا- لار كاسپىي كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قىر-دەشتلەردىن جەنۇبىي تۈركمەنستان — داخىستانغا باستۇرۇپ كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئەمدى پەرفىيە ۋە باقتىراغا يەرلىشىۋالغان داخالار مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 — 248 يىللاردا يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمى- رانلىقىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىدۇ. بۇ ھەقتە ۋ. ۋ. گىرىگورىيېۋ (B. B. ГрГорев) : «...بۇ يەردە يەنى تۇراندا ئەجنەبىي دۈشمەنگە بويۇن ئېگىش ھېسسى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان يۈرەكلەر، قېچىرىلمىغان بۇ كەلگىندىلەردىن خەلقنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىشىنى باشلىۋەتكەن قوللار تېپىلادى» دەپ يازىدۇ («ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم 1 - كىتاب 13 - بەت).

ئانتىق ئاپتورلاردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا كۆرە، مانا شۇ يۇقىرىدىكى قوزغىلاڭ جەريانىدا سكىف (Scythia) لارنىڭ داخا (Dahae) قەبىلىسىدىن ئارساك (Arsakes ياكى Arshaka) پەرفىيىدە ئاندراگور- نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ مۇستەقىل خانلىقنى تەسىس قىلىدۇ. بۇ خانلىق جۇڭگو تارىخلىرىدا ئارساكنىڭ نامى بىلەن ئەنشى (安西) خانلىقى دەپ پۈتۈلگەن. بىز ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ يۈرۈشلىرى ۋە شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئانتىق ئاپتورلاردىن ئارىئان ئارساكنى پەرفىيىلىك دەپ ھېسابلاپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن پەرفىيىلىكلەرنىڭ داخالار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھازىرقى زامان ئاپتورلىرىدىن مەشھۇر «غەرب ئەللىرىدە بۇددا دىنى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى خاتانى ليوتېكى (羽溪了谛): «پەرفىيىلىكلەر ئۆرپ - ئادەتتە ھازىرقى تۈركلەرگە ئوخشاش قەيسەر - قەھرىمان، چەۋەنداز - مەرگەن بىر قەبىلە بولۇپ، فارس شاھلىرى- نىڭ قارىمىقىدا بولغان زاماندىمۇ ۋە ماكېدونىيىلىك خانلار قارىمىقىدا بولغان زاماندىمۇ ئېللىنلەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى بىلەن باقتىرالىقلاردىن ئايرىلىپ تۇراتتى»[1] دەپ پەرفىيىلىكلەرنىڭ داخالار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ

1) «غەرب ئەللىرىدە بۇددا دىنى» شاڭۋۇ باسماخانىسى، خەنزۇچە نەشرى، 158 - بەت.

ئېلىنىلەر مەدەنىيىتىگە بېرىلىپ كەتكەن باقترالىقلار بىلەن ئەسلىدە بىر خەلق
ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. خاتانى لىيوتېكى ھەقلىقتۇر. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتتا باق-
ترادا بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭ ئەمەلىيەتتە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن
ئاخباراتلار ئېلىنلەر مەدەنىيىتىنىڭ باقترالىقلارغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى
ئىسپاتلاپ بېرىش بىلەن، كېيىنكى ئاتالمىش توخار تىلىنىڭ قانداق كېلىپ چىققا-
نلىقىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن يىپ ئۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ يۇنانلىقلارغا قارشى شۇ ئۇلۇغ كۆتىرىلىشى دەۋرىدە سېلېۋكىيلار
سۇلالىسىنىڭ باقترادىكى ئىپارخى مەككار دىئودوت (Diodotus) ۋەزىيەتكە ئەپ-
چىللىك بىلەن ماسلىشىپ، باقترادىكى قوزغىلاڭغا باش بولۇۋالىدۇ ۋە باقترانى
«مۇستەقىل» دەپ جاكالاپ بۇ يەردە يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋاقىتىنچە
ساقلاپ قالىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ ئەسلىدىن بىر خەلق بولغان داخالار بىر
بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى دۆلەتكە ئايرىلىپ ئىككى خىل مۇھىتتا
ياشايدۇ. گرېك باقترا خانلىقى ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سېلېۋكىيلار
سۇلالىسى دەۋرىدە مەمۇرىيەت تىلى بولغان گرېك تىلىدىن دۆلەت تىلى سۈپىتىدە
پايدىلىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھۆكۈمران دائىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان
يۇقىرى قاتلام ۋە زىيالىلار-روھانىيلار تەبىقىسىمۇ بۇ تىلنى ئۆگىنىدۇ، ئۆز
پائالىيەتلىرىنى بۇ تىل بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. پەرفىيىدە بولسا «زېند ئاۋېستا»نىڭ
تىلى يەنى ئاتالمىش پەھلەۋىي تىلى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىدۇ. قوزغىلاڭ ئار-
قىلىق گرېكلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان پەرفىيلىكلەر-داخالار
گرېكلەر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئۆزلىرىگە مەجبۇرىي تېڭىلغان گرېك تىلى ۋە گرېك
يېزىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، دىنىي ئېتىقادلىرى تۈپەيلىدىن مەمۇرىيەتتە پەھلەۋىي
تىلى ۋە پەھلەۋىي يېزىقىنى قوللىنىدۇ. داخالارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى بولغان
پەرفىيە دۆلىتى يالغۇز تىل-يېزىق جەھەتتىنلا گرېك باقترا خانلىقىدىن باش-
قىچە يول تۇتۇپ قالماي، بەلكى باقترىيىدىكى گرېكلەر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاپ، باقترىيىنى ئازاد قىلىشنى توغرىدىن-توغرا سىياسىي مەقسەت قىلىپ
ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ تىركىشىش
ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ. باقترادىكى گرېكلەر ھاكىمىيىتى تېخى ئارانلا ئاتىرېك
دەرياسىنىڭ ئۈستۈنكى ھاۋزىسىنى ئىگىلەپ تۇرغان ياش پەرفىيە دۆلىتى ئۈچۈن
زور خەۋپ ئىدى. مانا شۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە داخالار ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان
داھىيسى ئارساكدىن ئايرىلىپ قالدى. ئالەمدىن ئۆتكەن ئارساكنىڭ ئورنىغا مىلادىدىن
بۇرۇنقى 247-يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى تىرىدات (Tiridates) تەختكە چىقتى. شۇنىڭ-

دىن كېيىن، گرېكلەرنىڭ سۈرىيەدىكى سېلېۋك سۇلالىسىنىڭ شاھى سېلېۋك II مىلادىدىن بۇرۇنقى 237-يىلى پەرفىيىلىكلەرگە قارشى زور قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن گرېك باكترا خانلىقى بىلەن ئىتتىپاقەن پەرفىيىگە ھۇجۇم قىلدى. تىرىدات دەشتىكى قېرىنداشلىرى ــ سكىفلەرنىڭ ئاتالمىش «ئاپاسىئاكلار» يەنى دەريا ساكلىرى دېگەن قەبىلىسى ھوزۇرىغا ياردەم سوراپ باردى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن سېلېۋك II نىڭ قوشۇنلىرىنى تار-مار قىلىپ ئۆز ئىستىقلالىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پەرفىيە دۆلىتى كۈچىيىش ۋە باكترادىكى گرېكلەر بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. باكترا، سوغدىيانا ۋە مەرغىيانا قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ گرېكلەرگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈشلىرى، پەرفىيىلىكلەرنىڭ ھۇجۇملىرى گرېك باكترا خانلىقىنى ھالسىرىتىپ قويدى. پۇرسەتتىن يانا ئېۋتىدېم (Eutydemus) ئاتلىق بىر گرېك پايدىلاندى. ئۇ، دىئودوت II نىڭ قولىدىن تەختىنى تارتىۋېلىپ باكتراغا خان بولۇۋالدى. گرېكلەر تەسىر دائىرىسىنىڭ شەرقتىكى ئالدىنقى قاراۋۇلى باكترانىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن سېلېۋكىيلار سۇلالىسىدىن ئانتىئوخ III (Antiochus) تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 210-يىلى مىدىيە ئارقىلىق پەرفىيىگە باستۇرۇپ كىردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 209-يىلى باكتراغا باستۇرۇپ كىردى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 208-يىلى تەجەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا يەنى مەرغىيانا تېررىتورىيىسىدە ئېۋتىدېمنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تار-مار قىلدى، لېكىن قىر-دەشتىكى سكىفلەر ــ داخالاردىن ئۆلگىدەك قورقىدىغان ئانتىئوخ III ئېۋتىدېم بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلى دېمېترى (Demetrius) نىڭ باكترا خانلىقىغا مۇناسىپ ئىمكانلىكلىرىگە قانائەت ھاسىل قىلىش بىلەن ئېۋتىدېمنى ئۆزىگە ۋاسسال ھېسابىدا خانلىقتا قالدۇرۇپ، شىمالىي ھىندىستانغا قاراپ يول ئالدى. ئانتىئوخ III سۈرىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان بىلەن سودا ئالاقىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىگە ۋاقىتىنچە يېتىش بىلەن قانائەتلىنىپ سۈرىيىگە قايتتى. ئانتىئوخ III نىڭ بۇ يۈرۈشىدىن كېيىن پەرفىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىستىقلالىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى دۈشمىنى ــ سۈرىيىدىكى سېلېۋكىيلار خاندانلىقىنى يوقاتماستىن تۇرۇپ، باكترانى ئازاد قىلىش ۋە ئۆز ئىستىقلالىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇزۇل-كېسىل چۈشەندى ۋە سۈرىيىدىكى سېلېۋكىيلار سۇلالىسىغا قارشى ئاكتىپ كۈرەش باسقۇچىغا ئۆتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 171 ــ 138-يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىترىدات (Mithridates) دەۋرىدە پەرفىيىلىكلەر سېلېۋكىيلارنىڭ قولىدىن پۈتۈن ئىراننى ۋە مېسوپوتامىيىنىڭ بىر قىسمى ــ ۋاۋىلونىيىنى تارتىۋېلىپ، سېلېۋكىيلارنىڭ تەسىرىنى

فرات دەرياسىنىڭ غەربىگە سۈرۈپ تاشلىدى. شەرقتە گرېك باقترا خانلىقىنىڭ قولىدىن مەرغىيانا ۋە ئارىيانا (ئافغانىستان) نى ئازاد قىلدى. شۇنداق قىلىپ پەرفىيىنىڭ خەزىنىسى شەرقتە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ ھىند دەرياسى ساھىللىرىغىچە سوزۇلدى. غەربتە فرات دەرياسىغىچە يېتىپ باردى. گرېك باقترا خانلىقى سۈرىيىدىكى ھامىيسى سېلېۋكىيلار سۇلالىسىدىن پۈتۈنلەي ئاجرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار — سكىفلەر — ماسساگېتلار — داخالارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى. گرېكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاخىرقى ئۇۋىسى — گرېك باقترا خانلىقىنىڭ كېيىنكى تارىخى، ئۇنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن قانداق يوقالغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس. مەشھۇر سayahەتچى، گېئوگراف، تارىخشۇناس ستىرابون (Straбon) «گېئوگرافىيە» ناملىق نوپۇزلۇق ئەسىرىدە: ئېللىنلار قولىدىن «باقترىيىنى سكىفلەر ئىچىدە ئاتىقى چىققان ئاسىلار (ASioi)، پاسىئانلار (Pasianoi)، توخارلار (Tokharoi)، ساكاراۋۇللار (Sakarauloi) قاتارلىق ياكسارت قىرغاقلىرىدىن كەلگەنلەر تارتىۋالغان» دەپ يازىدۇ.

ئىمپېراتور ئاۋگۇست (Augustus) زامانىدا ياشىغان رىم تارىخشۇناسى تروگ. پومپېي (Trogus Pompius) باقترىيىنى پەرفىيىلىكلەر بويسۇندۇرۇۋالغان دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مىلادىدىن كېيىن II ئەسىردە ياشىغان يۇستىن باقترا ۋە سوغدىيانانى توخارلار بويسۇندۇرغان دەپ يازىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بەربىر «گرېك باقترىيە خانلىقىنىڭ يىقىلىشىغا ئاساسىي سەۋەب ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن ئېرامىزدىن ئاۋۋالقى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا باشلانغان ۋە گاھى ئۇ، گاھى بۇ ئوبلاستتا ئەۋج ئېلىپ تۇرغان دائىملىق ئىسيانلار بىلەن كۆرۈلەپ يانغان ئازادلىق ھەرىكىتى» [1] بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ ئازادلىق ھەرىكەتنى تولۇقچە چۈشەندۈرگەن ستىرابون، تروگ. پومپېي ۋە يۇستىنلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پەرفىيىلىكلەر، توخارلار ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن يۇنان، ئىران ئاپتورلىرىنىڭ تىلىدىكى «داخا»، «داگا» لارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سىلجىغان بۇ داخالار مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باقترادا يۇنانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گرېك باقترا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ھېرمېي (Hermaeus) نى ھىندستانغا قوغلاپ سېلىش بىلەن باقترانى ئازاد قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 139 — 138 - يىللىرى سۈرىيىدە تەختكە

---

(1) «ئۆزبەكىستان س س س ر تارىخى» 86 - بەت.

چىققان ئانتىئوخ VII سېلېئوكىيلار خانىدانلىقىنىڭ شەرقتىكى بۇرۇنقى يەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن پەرفىيە ۋە باقترىيە ئۈستىگە ئاخىرقى قېتىم يۈرۈش قىلدى. قەھرىمان پەرفىيىلىكلەر بۇ نۆۋەت يۇنانلىقلارنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى ئانتىئوخ VII بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلىدى. تارىخىي پاكىت بولغان بۇ يۈرۈش باقترىيىنى ئازاد قىلغان توخارلار ئۈستىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشى ئىدى. مەيلى باقترىيىنى پەرفىيىلىكلەر ئازاد قىلغان بولسۇن ياكى باقترىيىلىكلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئازاد قىلغان بولسۇن بەرىبىر ئۇلار توخارلاردۇر. بۇ ھەقتە ياپونىيە كوبە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرى پروفېسسورى، بۇددا دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى نېي تيەنىينفېڭ: «داخىا (大夏) دېگەن ئات يۇنان تارىخلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئوكسۇس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باقترىيە دائىرىسىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گرېك باقترىيە خانلىقىنى يوقىتىپ، ئەڭ كېچىككەندە مىلادىدىن بۇرۇنقى 128 - يىللاردىن بۇرۇن مەزكۇر يەرنى ئىگىلىگەن بىر سكىف قەبىلىسى (يۇنان تارىخچىلىرى Tochari دەپ ئاتىغانلار) بولۇشى كېرەك»① دەيدۇ.

دېمەك، ئۇلۇغ خەن خانىدانلىقىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 128 - يىلى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ياۋچىلار ئارقىلىق بىلگەن 《大夏》 (Dahae— تېخار) توخار (Tochari) بولۇپ، خەنزۇچىدىكى بۇ ئىبارە ھەم ئېتنىكىلىق ئىپادە ھەم مەملىكەت نامىدۇر. بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇكى، سىماچيەننىڭ «تارىخنامە» سىدە پۈتۈلگەن «大夏» (داخىا) ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «توخار» دېيىلگەن ئېتنىكىلىق نامغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن «توخارىستان» نىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى ئۆزبەكىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، تاجىكىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋە شىمالىي ئافغانىستان (جەنۇبىي تۈركىستان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ مەملىكەت بۇ نامغا باقترادىكى يۇنانلىقلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توخارلار ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا ئالغاندىن كېيىن ئىگە بولغان. تارىم ۋادىسى مەدەنىيەت رايونىنىڭ ئەڭ ئۇزاق شەرقىي چېكىسىدىن كەلگەن ياۋچىلار (يۈەچىلەر) توخارلار بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئۇچراشقان ۋە تو-قۇنۇشقان، جاڭ چيەننىڭ راۋايىتىگە كۆرە، تېخى مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي

① «مىنزۇ ۋېيسۇڭ» ژۇرنىلى، 1981 - يىل، 2 - سان.

مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە ئىنتىزام قارار تاپمىغان، ئىگىلىكى خانىۋەيران ھالەتتە تۇرغان توخارىستان ئۆز ئىچىدىكى مىليون ئاھالە بىلەن، 200 مىڭ ئاتلىق قوشۇنى بولغان كۆچمەن ئەل ياۋچىلارغا تاقابىل تۇرالمىغان. ھۇنلار – تۈركلەرگە خاس جەڭگىۋار قوشۇن شەكلىدە ئۇيۇشقان ياۋچىلار دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىنى ئاسان-لا ئىگىلىگەن.

بىر قىسىم كىشىلەر گىرېك باقتىراخانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، باقتىريىنى يۇنانلىقلاردىن ئالغانلار ياۋچىلار دەيدۇ ۋە توخارلارنى ياۋچىلار دەپ پەرەز قىلىدۇ. بۇ، گىپوتېزا توغرا ئەمەس، توخار — توخار، ياۋچى — ياۋچىدۇر. ياۋچىلار «يۇرچى» دېگەن نام بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى ئۆزبېكلەرنى شەكىللەندۈرگەن قەبىلىلەرنىڭ بىرى «يۇرچى» دۇر.

جاڭ چيەن ياۋچىلار بىلەن ئۇچراشقان پەيتتە، ئۇلار تېخى ئامۇ دەريانىڭ جەنۇبىغا ئۆتمىگەن، ياۋچىلارنىڭ ئوردىسى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدا بولغان. جاڭ-چيەن دەريادىن ئۆتۈپ، گەرچە ياۋچىلارغا ۋاسسال بولسىمۇ، تېخى يەنىلا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان توخارىستاننىڭ پايتەختى بەلخ (باقتىرا) غا بارغان. ياۋچىلار ئارىسىدا، توخارىستاندا بىر يىلدىن ئۇشۇق تۇرغان. ھالبۇكى جاڭ چيەننىڭ ۋەزىپىسى ياۋچىلارنى ھۇنلارغا قارشى ئىتتىپاقلاندۇرۇش بولغانلىقتىن، دانىشمەن دىپلومات جاڭ چيەن ياۋچىلارنى ۋە توخارىستاننى پۇختا ئۈگەنگەن. جاڭ چيەننىڭ شىيۇ (غەربىي يۇرتلار) ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، داخماغا ئىنتايىن قىزىققان ۋە «داخا» نىڭ كىملىكىنى بىر نەچچە قېتىم سورىغان خەن ۋۇدىغا جاڭ چيەن ناھايىتى ئېنىق رەۋىشتە ئامۇ دەريانىڭ جەنۇبىدىكى توخارىستاننى «大夏» دەپ، ئامۇ دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا كېلىپ جايلاشقان ياۋچىلارنى «大月氏» (دايۈجى) دەپ مەلۇم قىلىدۇ. سى ماچيەننىڭ «تارىخنامە» سى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ ئاخباراتلار ئەڭ ئىشەنچلىك ھۆججەتتۇر. تۈنخۇدىن كېيىن شەرقىي خەن دەۋرىدە ياشىغان بەن گۇ (مىلادى 32 — 92- يىللار) «خەن تارىخى» دا: «تولۇغ ياۋچىلار ئېلى خانىنىڭ قارارگاھى بەلخ شەھىرى ...» دەپ يازىدۇ. بەن گۇ ياۋچىلارنىڭ ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ توخارىستاننىڭ پايتەختى بەلخ (باقتىرا) نى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

توخارلار، ياۋچىلار ھەققىدە مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ خەنزۇچە مەنبەئەلىرىدىن كىشىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان يەنە تۆۋەندىكى مۇنۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگىمىز:

«ۋېي خاندانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» «غەربىي رۇڭلار
تەزكىرىسى» دە: «كەشمىر، توخارىستان، كابۇلىستان، ھىندىستانلار
ئۇلۇغ ياۋچىلارغا تەۋە» دەپ پۈتۈلگەن. بۇ مەلۇمات ياۋچىلارنىڭ ئامۇ دەريادىن
ئۆتۈپ توخارىستاننى تولۇق ئىشغال قىلىش بىلەن كۇشەن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغىنىدىن
كېيىنكى بىر دەۋرگە ئائىتتۇر. ھالبۇكى، جۇڭگو تارىخچىلىرى كۇشەن ئىمپېرىيىسى
قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى يەنىلا «ئۇلۇغ ياۋچى» دەپ ئاتاشنى داۋام قىلدۇرغان.
بۇ ھەقتە «كېيىنكى خەن تارىخى» دا: «... ياۋچىلار شۇنىڭدىن كېيىن ئىنتايىن
قۇدرەت تاپتى، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۇنى كۇشەن خانلىقى دەپ ئاتاشتى. خەن
خاندانلىقى بولسا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسلى نامى بىلەن ئۇلۇغ ياۋچى دەپ ئاتىدى» دەپ
ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. كۇشەن ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخ
كىتابلىرىدا داخالار ئۈچۈن دۆلەت سۈپىتىدە تەزكىرە بېرىلمەيدۇ.
كۇشەن ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ توخارىستان دۆلىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن
جۇڭگو مەنبەلىرىدە توخار راھىبى 徝明兜佉 دېگەن ئىسىم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇزۇن
ئۆتمەي مەشھۇر تارىخشۇناس ۋېي شۇ «ۋېي تارىخى» نىڭ «غەرب
ئەللىرى» قىسمىدا «توخارىستان تەزكىرىسى» نى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن
كېيىن «سۇي تارىخى»، «تاڭ تارىخى» قاتارلىق رەسمىي
تارىخ كىتابلىرىدا «توخارىستان تەزكىرىسى» ئالاھىدە مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە
يېزىلىدۇ. بۇ ھادىسە ئەينى زاماندا ئالاھىدە دىپلوماتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر گەپ
بولۇپ، سۇي خاندانلىقى ۋە ئۇلۇغ تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ كۇشەن خاندانلىقى
ئورنىدا قايتا باش كۆتەرگەن توخارىستان دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى.
ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى توخارىستانغا قاراشلىق تېررىتورىيىنىڭ بىر قىسمى
بولغان ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا قايتىدىن باش كۆتەرگەن توخارىستان، ھىندىستان،
ئىران ۋە شىمالىي ۋېي، سۇي، تاڭ خاندانلىقلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بول-
غان، جۇڭگودا بۇددا دىنىنىڭ راۋاج تېپىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. بولۇپ-
مۇ تاڭ خاندانلىقى توخارىستان بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان، توخارىستاندا تۇتۇق
مەھكىمىسى قۇرغان. ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى توخارىستاندىن چاڭئەنگە
ھەمىشە كېلىپ تۇرغان زىيارەتچىلەرنى قوبۇل قىلغان. مانا شۇ تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخ-
چىلىرى توخار (吐火罗) لارغا «大夏» (داخا) لارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ
قارايدۇ. «تاڭ تارىخى» نىڭ «غەرب ئەللىرى تەزكىرىسى» دە: «توخار (吐火罗)
كۆكئارتنىڭ غەربى، ئوكسۇس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى داخا (大夏)
زېمىنىدا جايلاشقان .... داخا توخار دۇر» دەپ يېزىلغان.

خۇلاسە: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي ئوبلاستى بولغان توخارىستان ھازىرقى ئۆزبېكىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى، تاجىكىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە شىمالىدا ھىسار تىزما تاغلىرى، جەنۇبىدا ھىندىقۇش تاغلىرى، غەربتە مورغاپ، ھېرۇرود دەريالىرى، شەرقتە پامىر بىلەن چېگرالانغان. «توخارىستان» دېمەك — توخار يۇرتى دېمەكتۇر. «توخارىستان» دېيىلگەن مەملىكەتنىڭ نامى «توخار» دېيىلگەن خەلقنىڭ ئېتنىكىلىق نامىدىن كەلگەن. توخارلار ئەڭ دەسلەپتە فارس، يۇنان ۋە روما مەنبەلىرىدە «داخا»، «داگا»، بەزەن «دائى» دەپ پۈتۈلگەن. كېيىنرەك پتولېمېي Thagoura ياكى Thogara دەپ، سترابون Tochari دەپ يازغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدە ئاۋۋال «大夏» (داخا ياكى تېخا)، كۇشان ئىمپېرىيىسى يىقىلغاندىن كېيىن V - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ:

土豁逻，睹货逻，篰佉勒，兜呿罗，吐火罗

قاتارلىق ھەر خىل يېزىلغان. سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نوملىرىدا توخارا دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «توخرى» نىڭ ئىپادىسى بېرىلگەن. ئاتالمىش توخارلار ئەزەلدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈپ يەرلىك خەلقى بولۇپ، قان سىستېمىسى جەھەتتىن ياۋروپا - ئاسىيا ئىرقىغا مەنسۇپ تۈركىي خەلقلەر — بۈگۈنكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ياشىغۇچى ئۆزبېك، تۈركمەن، تاجىكلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدۇر.

## ياۋچىلار ۋە كۇشان ئىمپېرىيىسى

ياۋچىلار (يۈرچىلەر) نىڭ ھۇنلار، ئۇيسۇنلار بىلەن ئېتنوگېنېزى بىر، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش تېپىك تۈرك خەلقلىرىدىن بولۇپ، ئەسلىدە قەدىمكى غەربىي يۇرت (西域) دائىرىسىدىكى كەڭسۇ - كۆككۆل رايونىنىڭ توران (throanna)① بىلەن تېڭرى تېغى (撑犁山)② ئارىلىقىدا ياشىغان ۋە ئالدىنقى خەن خاندانلىقى زامانلىرىدىن بۇرۇنلا ئۆز ئالدىغا دۆلەت تەشكىللىتى بار كۈچلۈك ئەل بولغان.

① ھازىرقى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. «敦煌» نىڭ ئەسلى قەدىمكى ئوقۇلۇشى پتولېمېي «htroanna» پۈتكەن. دەپ «دۇران» بولۇپ، ئۇ «توران» دىن كەلگەن.

② ھازىرقى چىلىيەنشەن (祁连山) دېگەن ئات ئەسلى تۈركچە «تېڭرى تېغى» نىڭ تەرجىمىسى 撑犁山-chenglishan نىڭ تەلەپپۇزىدىكى بۇزۇلۇشىدىن كەلگەن.

تۇمەن تەڭرىقۇت ئۆز ۋەلىئەھدى باتۇر نى تورغاق سۈپىتىدە بۇ ئەلگە بەرگەن. لېكىن بولغۇسى بۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمراننىڭ ھاياتىغا ھېچبىر پىسەنت قىلماي، ئۆز ئەھدىنى بۇزۇپ، ياۋچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان. قەيسەر باتۇر قېچىپ كېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان. توقال خاتۇنىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ئاتىسى تۇمەننى ئۆلتۈرۈپ تەڭرىقۇت بولغان ۋە ئۆپچۆرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قۇدرەتلىك ھۇن ئىمپېرىيىسىنى تەسىس قىلغان. شۇ قاتاردا ياۋچىلار دۆلىتىنىمۇ پاچاقلاپ تاشلاپ، ياۋچىلار خانىنى ئۆلتۈرگەن. مەغرۇر ياۋچىلار تېخى تۇنۇگۇنلا ئۆز خانىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغان باتۇرغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئانا ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 170 — 160 يىللاردا ياۋچىلار ئوردىسى كۆچۈشنى باشلىغان. ئۇلار ئىلى دەرياسى ھاۋزىسىدا مەلۇم مۇددەت توختىغان. لېكىن ئۇيسۇنلار يەنىلا ھۇنلارنىڭ تەزيىقى تۈپەيلى، داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. پەرغانە ۋادىسى، قاڭلىلار سەھراسىدىن ئۆتۈپ بېرىپ، توخارىستاننىڭ شىمالى — ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا باركاھىنى تىككەن. مىلادى بۇرۇنقى 1 ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دەريادىن ئۆتۈپ توخارىستان (ئاۋۋالقى باقترىيە) نىڭ پايتەختى بەلخ (باقترا) نى ئىگىلىگەن. خەن خاندانلىقى ئۇلارنى ھۇنلار ئارقىلىق بىلگەن. ھۇنلار ئۇزۇنغا يۇرۇش قىلغان بۇ قېرىنداشلىرىنى «يۇرچى» دەپ ئاتىغان. خەنزۇلار يۈجى (月氏) دەپ خاتىرىلىگەن.

ياۋچىلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان باقترىيىلىكلەر (توخارلار) ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىچىدە ئەڭ مەدەنىي خەلق، باقترىيە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ مەدەنىي ئوبلاستى بولۇپ، يازما تارىخ باقترانىڭ مىلادى بۇرۇنقى XI ئەسىرلەردىن تارتىپ مەۋجۇتلۇقىنى قەيت قىلىدۇ. باقترا مەدەنىيىتى تۇران، ئىران، يۇنان (شەرقىي ئېللىنىزم) ۋە ھىندىستان مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى ئىدى. باقترالىقلار بۇددا دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغان. راۋلىنسون مۇرغاپ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بادخىز پۈتۈكلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرامان (Turaman) خانى ئەفراسىياپ بۇ يەردە فارس شاھلىقى (ئەخمەنىدىيىلەر سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەۋرىدە، زارو ئاستېرىزمنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە دەپسەندە قىلىپ، بۇددا دىنىنى يۆلىگەن دەيدۇ. يەنە شۇەنجۇاڭ «غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە بەلخ ئۈستىدە توختىلىپ ساكيامۇنى پەيغەمبەرلىككە يېتىشكەندىن كېيىن، بودھى دىرما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن تۇرۇپ، ئاھۇلار ماكانىنى مەيرى قىلىۋاتقىنىدا تراپۇشا ۋە بەلىكا ئىسىملىك ئىككى نەپەر تىجارەتچىگە دۇچ كەلگەنلىكى،

ئىجارەتچىلەرنىڭ ساكيامۇنىغا خىزمەت قىلغانلىقى، تالقان بەرگەنلىكى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇلارغا ئىنسان سائادەتمەن بولماق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئون تۈرلۈك ساۋاپلىق ئىش ۋە ئىنسانلارغا مەنئى قىلىنغان بەش تۈرلۈك ئىش ھەققىدە تەلىم بەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ چاچ ۋە تىرناقلىرىنى ياساپ قويغانلىقى، بۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، ساكيامۇنى ئۈچۈن مۇنار تىكلىگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ مۇنارلارنى زىيارەت قىلغانلىقىنى يېزىپ: «بۇلار ساكيامۇنى دىنىي بويىچە ئەڭ دەسلەپكى ستۇپا (stupa) لار» دەيدۇ. بۇ گەپلەر راست بولغاندا، ئوتتۇرا ئاسىياغا بۇددا دىنىي مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە كىرىپ كەلگەن بولىدۇ لېكىن بىز بۇ رىۋايەتلەرنىڭ راستلىقى، ئومۇمەن ھىندىستاندىكى مائۇريا سۇلالىسىدىن چىققان بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر ھامىيسى شاھ ئاسوكادەۋرىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بۇددا دىنىنىڭ تارالغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە باشقا ھېچقانداق ئېنىق پاكىتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئاسوكا ئەۋەتكەن دىن تارقاتقۇچىلاردىن MaharaKKhita ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى چېگرىسىدىكى YonaLoKah يەنى شۇۋاقىتتا يۇنانلىقلار ئىشغالىيىتىدىكى كابۇل دەرياسى ھاۋزىسىدا دىن تارقاتقان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇزات «KaLaKatma» نى سۆزلەپ، 170 مىڭ كىشىنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان، ئۇلاردىن 10 مىڭ كىشى راھىپ بولغان. بىزنىڭچە ئاسوكا ئەۋەتكەن دىن تارقاتقۇچىلار كابۇل دەرياسى ھاۋزىسىدىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ۋە باقتىراغا كىرىپ كەلگەن. ئەگەر بىز سەيلون خىرونىكىسى بويىچە ئاسوكانىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 269 - يىلى يەنى ساكيامۇنىنىڭ ۋاپاتىدىن 218 يىل كېيىن تەختكە چىققانلىقىغا چەزم قىلساق، بۇددادىنى باقتىراغا ئانتىئوخ II زاماندا (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 259 — 249 - يىللاردا) كىرىپ كەلگەن ۋە ئورۇن ئالغان دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا تولۇق ئاساسلارغا ئىگىمىز. قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھېچقانداق ھەققى ۋە ھوقۇقى يوق پەقەت زوراۋانلىقتا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى يات ۋە كەلگىندى يۇنانلىقلارغا قارشى ئۆچ ۋە نەپرەت بىلەن داۋالغۇپ تۇرغان توخارلارنىڭ بۇددا دىنىنى زۇلۇمغا قارشى ئىسياننىڭ تۇغى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى چوقۇم ئىدى. ھالبۇكى، بۇددا دىنىي ئەسلىدە ھىندىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن بىراخمان دىنىغا، بولۇپمۇ بۇ دىنىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق چىرىكلەشكەن تەبىقە تۈزۈمىگە قارشى تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئاممىسىدا تۇغۇلغان ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقنىڭ ئىدىئال فورمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بىر دىن ئىدى. خاتانى لىيو تېكى «غەربىي ئەللىرىدە بۇددا دىنى» دېگەن ئەسىرىدە، بۇددا دىنىنىڭ باقتىراغا ئاسوكا زامانىدا تارقالغانلىقى ۋەزاروئاستىرىزىم ئۈستىدىن ئۈستۈنلۈك قازانغانلىقىنى

تەكىتلەيدۇ.[1]

مىلادى بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋچىلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بەلخقە كىرىپ بارغانلىرىدا، بۇ يەردە بۇددادىنىي ھۆكۈمران ئىدى. ياۋچىلار دەسلەپتە توخارىستاننى بەش رايونلارغا بۆلۈپ ئىدارە قىلدى. ھەر بىر رايونغا بىر يابغۇ قويۇلدى. بۇ يابغۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى كۇسەن ( KŪshan ) بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئۇرۇغ - قەبىلە نامى ئىدى. بەش يابغۇ ئىچىدە مانا شۇ كۇسەن يابغۇسى باش كۆتىرىپ چىقىپ، قۇدرەت تېپىپ، باشقا يابغۇلارنى ئۆزىگە بوي سۇندۇردى. ۋە كۇسەن خانلىقىنى تەسىس قىلدى. جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىگە كۆرە، كۇسەننىڭ بىرىنچى ھۆكۈمرانى 丘就卻 (چىيۇ جيۇ چۆ) بولۇپ، ئۇنىڭ زامانىدىن قالغان يارماقتىكى نامى بولسا KujulaKadhises دۇر. قارۇشتى يېزىقى بويىچە تولۇق نامى - ئۇنۋانى «دىنغا ئىخلاسى مۇستەھكەم كۇسەن يابغۇسى كۇجۇلا كاسا (ياكى كاپساسا) — KujulaaKasaa ( Kasphsasa ) KushsnnaYavuagsa dharmsathidasa» دۇر. ئۇنىڭ نامى - ئۇنۋانىدىكى سۈپەت ئىسىم dharma thidasa كۇسەن خانلىقىنى قۇرغۇچىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، دېمەك، سەك - ماسساگېت - داخالارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان توخارلار ( يۇكسەك مەدەنىيەتلىك باقتىرالىقلار ) قان ۋە تىل جەھەتتىن ئۆزلىرى بىلەن قېرىنداش بولغان ياۋچىلارنى شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ ئالغانكى، بۇ ئەھۋال غەرب ۋەشەرقنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرىنى گاڭگىرىتىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى ھازىرغىچە توخارلارنى ياۋچىلار دەپ ۋەتىنىمىز تۈركىي خەلق بولغان ياۋچىلارنى ھىندۇ - ياۋروپا خەلقىدىن دەپ پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى گرېك باقتىرا خانلىقىنىڭ ۋەيرانىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان كۇسەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي بازىسى بولغان توخارىستان مەدەنىيىتىدىن ئېللىنىزم پۇرىقىنىڭ چىقىپ تۇرۇشى تەبىئىي بىر ئەھۋالدۇر. ئاتالمىش توخار تىلى گرېك تىلى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر توخار تىلىنى ھىندۇ - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ غەربىي ( Centum ) تارمىقىغا كىرگۈزىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، فىرانسۇز ئېكسپېدىتسىيىسى ئەرەپىدىن جەنۇبىي تۈركىستان ( بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ) دىن تېپىلىپ، ئامارك (AMarica) چىن توخار تىلى دەپ ھېسابلىغان مونۇمېنتقا گرېك ھەرپلىرى

---

[1] خاتانى ليوتېكى: «غەرب ئەللىرىدە بۇددا دىنى» شاڭخەي باسماخانىسى، 56 - يىل نەشرى، 51 - بەت.

ئىشلىتىلگەن. لېكىن بۇنىڭغا قاراپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ۋە «توخار» دەپ ئاتالغان خەلقنى ھىندۇ-ياۋروپا خەلقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ فراكو-كېممىرلار(1)غا ئېلىپ بېرىپ چېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىداقلا تارىم ۋادىسى مەدەنىيەت رايونى دائىرىسىدىن بېرىپ، ئامۇدەريا ھاۋزىسىدىكى توخارستاننى ئىگىلىگەن ياۋچىلارغا ھىندۇ-ياۋروپالىقلار دەپ قاراش تېخىمۇ توغرا ئەمەس. يەنە تالان-تاراج ھالىتىدىكى توخارستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك كۇسەن دۆلىتىنى تەسىس قىلغان ياۋچىلارنىڭ بۇ پائالىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئۇنىڭ يەرلىك ئاھالىسىگە پۈتۈنلەي يات بولغان فارسلار ياكى يۇنانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزكارانە باستۇرۇپ كىرىشلىرى بىلەن تەققاسلاشمۇ ھەرگىز مەنتىقىي پىكىر ئەمەس. كۇسەن دۆلىتى مەركىزىي ئاسىيادا ھۇن ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن يەنە بىر تۈركىي قەبىلە — ياۋچىلارنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان ئىككىنچى چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ، ياۋچىلار بىلەن توخارلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى بىر مەنبەدىن تارالغان قان-قېرىنداشلارنىڭ ئىگىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىكى پەرقتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، باقتىرالىقلار (توخارلار) غا ئىران ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ئازبولمىغان. بولۇپمۇ ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئاساسىدا دۇنياۋىي ئىمپېرىيە قۇرۇشنى خام خىيال قىلغان ئىسكەندەرنىڭ ئۇرۇغ-جەمەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن: شەھەرلەر بىنا قىلغان، سېپىللار سالغان، يۇنان شەكلىدە پۇل تارقاتقان، مەمۇرىيەتتە يۇنان تىلىنى قوللانغان، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ يۇنان تىلىنى جارى قىلغان. ھەتتا غەرەزلىك ھالدا مەھەللىي خەلق بىلەن نىكاھلىنىشنى يولغا قويغان. بۇ تەدبىرلەر نەتىجىسىدە، گرېك باقتىرا خانلىقى مەلۇم مۇددەت خېلىلا روناق تاپقان، كۆچەيگەن. سىترابوننىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، باقتىرىيىدە مىڭلاپ شەھەر بولغان، ئۇنىڭ چېگرىسى سېرىس (ھازىرقى شىنجاڭ) ۋە فائون (ھۇن) مەملىكىتىگىچە كېڭەيگەن. باقتىرىيىلىكلەر سېرلار بىلەن، ھۇنلار بىلەن، ئىران ۋە ھىندىستانلار بىلەن قويۇق سودا ئالاقىلىرىدە بولغان. باقتىرادىن ئىسسىق كۆل بويلىرى ئارقىلىق ئۆتۈپ سېرىسكە بارىدىغان «ئالتۇن يول» بولغان. لېكىن گرېكلار ھەر قانچە قىلىپ باقسىمۇ بەرىبىر ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆزلىشىپ كېتەلمىگەن، يەنىلا يات پېتىچە قالغان. ئالداشلار، يۇمشىتىشلار، تەرەققىيات-يۈكسىلىشلەر ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ

1) فراكلار-قەدىمكى فراكىيىلىكلەر، كىممېرلار-قەدىمدە قارادېڭىزنىڭ شىمالىدا كافكازدىن فىرالىيىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان خەلق.

ئۆز ئازادلىقلىرى يولىدىكى كۆرەشلىرىنىڭ جەريانىنى ئۈزۈپ قويالمىغان ۋە توختىت-
تالمىغان. سىرراۋلىنسونىنىڭ يېزىشىچە، توخار قىزىغا ئۆيلەنگەن شاھ ئېۋكراتىد
ئوغلى ئافرىدوت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شاھزادە ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ:
مەن ئاتامنى ئەمەس ئومۇمنىڭ دۈشمىنىنى ئۆلتۈردۈم، دېگەن. بۇنىڭ تامامەن
ئەكسىچە، ياۋچىلار توخارلارغا پۈتۈنلەي ئۆزلىشىپ، سىڭىشىپ توخارىستان ئاساسىدا
كۇسەن خانلىقىنى قۇرۇش بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت
ئۇلۇغ ئىشنى باشلاپ ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئورۇنلىدى. ھەتتا ئازغىنا
توقۇنۇشتىن كېيىن پەرفىيلىكلەرنىڭ قولىدىن كابۇل دەرياسى ھاۋزىسى بىلەن
ھىندو دەرياسى ھاۋزىسىنى ھەم تارتىۋېلىپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ
كۇسەن خانلىقى غەربتىكى روما ئىمپېراتورلۇقى بىلەن شەرقتىكى ئۇلۇغ خەن
خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيىگە ئايلاندى
ۋە شانشۆھرەت بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلدى. ۋۇكاڭتەي دېگەن بىر كىشى «چەتئەل-
لەر تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، جۇڭگو ئادىمىنىڭ كۆپلىكى بىلەن روما بايلىقىنىڭ
كۆپلۈكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولسا، كۇسەن ئېتىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن، مۇنداقچە
ئېيتقاندا، ئاتلىق قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئالەمدە ئاتاق چىقارغان. كۇسەن
ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىر قاتاردا تارىم ۋادىسى رايونىنىمۇ ئۆز
ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا، بولۇپمۇ تارىم
ۋادىسى رايونىدا كۇسەن ئىمپېرىيىسى بىلەن خەن خاندانلىقىنىڭ مەنپەئەتلىرى
ئۆز ئارا توقۇنۇشتى. خەن ۋۇدى تەرىپىدىن لى گۇاڭلى قوماندانلىقىدا ئەۋەتىلگەن
قوشۇن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - ۋە 102- يىللىرى پەرغانە ئۈستىگە ئىككى قېتىم كەلگەندە،
كۇسەن تېخى يېڭىدىن باش كۆتىرىپ چىقىۋاتقان مەزگىللەر بولۇپ، تارىم ۋادىسى
رايونىدا يەنىلا ھۇنلار ئۈستۈنلۈك قىلاتتى. ئەمدىلىكتە بۇ رايونغا كۇسەن ئىمپېر-
يىسىنىڭ تەسىرى كىرىپ كەلدى. غەرپ ئەللىرى، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى رايونىغا
ناھايىتى چوڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خەن خاندانلىقى بۇ ھادىسىگە پەرۋاسىز قاراپ
تۇرالمىدى. شۇنداق قىلىپ خەن خاندانلىقىنىڭ قوماندانى بەنچاۋ بىلەن كۇسەن
ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا تارىم ۋادىسى رايونىدا ئۇرۇش كېلىپ چىقتى. بەنچاۋ
بۇ ئۇرۇشتا خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىپ، تارىم ۋادىسىدىكى فېئودال بەگ-
لىكلەرگە خەن خاندانلىقىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى كۆرسەتتى. «كېيىنكى خەن تارىخى»
دا: خەن خانى خېدىنىڭ يىلنامىسى يۇڭيۈەننىڭ 3 - يىلى (يەنە مىلادى 91 -
يىلى) غەرب ئەللىرى دورغاپى بەنچاۋنىڭ ياۋچىلارنى بىرىنچى قېتىم مەغلۇپ

قىلغانلىقى، كۇچانى باش ئەگدۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان ①. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، خەن خاندانلىقىنىڭ قوماندانى بەنچاۋ تارىم ۋادىسىغا چىقىشتىن بۇرۇن كۇسەن ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسى تەسىرى قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ (قۇم) دىن ئۆتۈپ ئاللىقاچان كۇچاغا يېتىپ بولغان. شۇ ۋاقىتتا يېپەك ئېلى (سېرىس) نىڭ رەستىسى بولغان يەنى تارىم ۋادىسى مەدەنىيەت رايونىنىڭ مەر-كىزى بولغان كۇچا (رەستە) كۇسەن ئىمپېرىيىسى بىلەن دىنىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنى باشلىغان، ئېھتىمال، سىياسىي جەھەتتىمۇ كۇسەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گېگېمونلىقىنى تەن ئالغان. كۇچا كۇسەن ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى، دېمەك، پۈتۈن تارىم ۋادىسى رايونى كۇسەن ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغا چۈشتى دېگەن گەپ بولاتتى. چۈنكى كۇچا شۇ دەۋردە پۈتۈن تارىم ۋادىسى رايونىنىڭ دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەركىزى (بولۇپمۇ سودا مەركىزى) بولۇپ، كۇسەن ئىمپېرىيىسى بىلەن تارىم ۋادىسى رايونىدا بىرىنچى قېتىم كۈچ سىناشقان بەنچاۋنىڭ شەرقىي خەن خانى جاڭدىغا يوللىغان مەلۇماتىدا: «قاچانىكى كۇچانى ئالالىساق، غەرب ئەللىرى ئىچىدە بويسۇنمىغۇچىلار قالمايدۇ» ② دېيىشى، ماھىيەتتە مانا شۇنى چۈشەندۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە، بەنچاۋ شۇ ۋاقىتتا كۇچانى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىدىكى كىرۇران، قوردان، ياركەنت قاتارلىق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرغان، لېكىن كۇچا شەھرىگە كىرەلمىگەن. «كېيىنكى خەن تارىخى» نىڭ 47 - جىلدىدا: كېيىنكى يىلى (شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ يىلنا-مىسى جاڭخېنىڭ 1 - يىلى، مىلادىنىڭ 87 - يىلى - ئاپتور)، بەنچاۋ قوردان قاتار-لىق ئەللەرنىڭ 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ ياركەنتكە تەكرار ھۇجۇم قىلدى. كۇچا خانى ئۇنسۇ، قۇم، ئۇچلاردىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئېلىپ، سول قول سەنگۇنىنىڭ قوماندانلىقىدا ياركەنتنى قۇتۇل-دۇرۇشقا ئەۋەتتى. بەنچاۋ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلىرى ۋە قوردان بېگى بىلەن كېڭەش قىلىپ: بىزنىڭ كۈچلىرىمىز ئاجىز، قۇدرەتلىك دۈشمەنگە تەڭ تۇرالمايدۇ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دۈشمەنلەرنى پارچىلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت. قوردان قىسىملىرى شەرققە قاراپ چېكىنگەن بولسۇن، مەن ئۆز قىسىملىرىم بىلەن غەربكە چېكىنگەن بولاي، كېچىدە دۇمباق ئاۋازى بىلەن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، دېگەن. خەن قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكى ھەققىدە ئاۋاز تارقىتىش

① «كېيىنكى خەن تارىخى» 47 - جىلد، 1580 — 1581 بەتلەر.

② «كېيىنكى خەن تارىخى» 47 - جىلد، 1575 - بەت.

ئۈچۈن، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى مەيدانغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە قەستەن يول بەرگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان كۇچا خانى 10 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، ئۆزى بىۋاستە بەن چاۋ قىسىملىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ماڭغان، ئونسۇ بېگى قوردانىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش ئۈچۈن، 8 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن شەرققە قاراپ كەتكەن. ئىككى يولۋاسنىڭ ئىككى تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بەن چاۋ دەرھال مەخپىي ھالدا قىسىمغا جەڭگىۋار سەپ تۈزۈشنى بۇيرۇغان ۋە توخۇ قىچقارغاندا ياركەنت بارگاھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. سارىسىمگە چۈشۈپ، قالايمىقانلىشىپ قاچقان خۇ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ 5 مىڭدىن ئوشۇقىنىڭ كاللىسىنى كەسكەن، نۇرغۇن ئات - ئۇلاغ، بايلىقىنى غەنىيمەت ئالغان، ياركەنت تەسلىم بولغان، كۇچالىقلار چېكىنگەن. شۇنىڭ بىلەن بەنچاۋنىڭ ھەيۋىسى غەرب ئەللىرىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن». ①

«كېيىنكى خەن تارىخى» دا بېرىلگەن بۇ مەلۇمات شۇ چاغدا «غەرب ئەللىرى» دەپ ئاتالغان تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىر - بىرلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئۆز ئارا باغلانمىغان، تارقاق بەگلىكلەر بولماي، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي كۇچا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئىشەنچلىك پاكىتتۇر.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسى رايونىدا 31 يىل تۇرۇپ، كۇسەن ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىرىنى تارىم ۋادىسىدىن قىسمەن سۈرۈپ چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يوڭ بولسا ئاتىسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىم ۋادىسىدا بولغان ۋاقتى 25 يىلغا يەتمىدى. قارا شەھەرنى ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن تارىم ۋادىسىدىن چېكىنىپ، ئائىلىسىدە غۇربەتچىلىكتە ئۆلدى. كۇسەن ئىمپېرىيەسىنى دۇنياۋىي دېرژاۋاغا ئايلاندۇرغان كانىشكا تارىم ۋادىسىنى قايتىدىن ئۆزىگە قوشۇۋالدى: «كانىشكا ھاكىمىيىتى كۇسەن تارىخىدا يېڭى بىر باسقۇچنىڭ باشلىنىشى بولدى. شەرققە ۋە شىمالغا قاراپ ئېكسپانسىيىنى كېڭەيتتى. شەرقىي تۈركىستاننى ۋە خارەزمنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ھىندىستاندا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە كېڭەيتتى. پايتەختىنى غەربىي شىمالىي ھىندىستاندىكى پېشاۋۇرغا كۆچۈردى. كۇسەن دۆلىتى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە دېرژاۋاغا ئايلاندى» («ئۆزبېكىستان خەلقلىرى تارىخى» رۇسچە نەشرى، 95 - بەت).

① «كېيىنكى خەن تارىخى» 47 جىلد، 1580 - بەت.

بۇ دېرژاۋا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ قىلغان شانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈشلىرى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىغا كىرىپ قالماي، بەلكى ئۆز دەۋرىدە بۇددا دىنى دۇنياسىنىڭ گېگېمونى پۈتۈن ئاسىيا بويىچە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدىمۇ سىۋىلىزاتسىيە تارىخىدا پارلاق بىر سەھىپە ياراتتى، شۇ جۈملىدىن كۇسەن ئىمپېرىيەسى دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئاتاقلىق ھۆكۈمرانى كانىشكانىڭ ئابرۇيى ۋە شان - شۆھرىتىنى ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن تولاراق بۇددا دىنىنى يېيىش - تارقىتىش يولىدا قىلغان تىرىشچانلىقلىرى يۇقىرى كۆتەردى. كانىشكا پۈتۈن كۇسەن ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ قەلبىنى مەنىۋى جەھەتتىن ئىلگىرىلەشكە تىرىشقان ۋە ئىگەللىگەن ئىدى. بۇددا دىنىدا بىر نەچچىلىگەن مەزھەپنىڭ بۇ دىننى شەرھىلەشتىكى قاراشلىرىدا شۇنچىلىك چوڭ پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغان بۇ دانىشمەن ھۆكۈمران كەشمىردە بۇددا دىنى تارىخى بويىچە بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئاخىرقى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 500 نەپەر يۇقىرى مۇقام راھىپ قاتناشتى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق راھىبى Parsva باشچىلىقىدا بىر مۇنچىلىغان چوڭ راھىبلار ئۈچ ئاغىلىق نوم (Tripitaka) نىڭ تولۇق نۇسخىلىرىنى يىغىپ، ئۇنىڭغا ئىزاھات بەردى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىلغان زاروئاستىرىزم ساسانىيلار ئىرانىدا پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرىپ فارسلارنىڭ مىللىي دىنىغا ئايلانغانغا ئوخشاش، بۇددا دىنىمۇ كۇسەن ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باغلىنىپ، بۇ خەلقلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە يىلتىز يېيىپ كىردى. 200 يىل دەۋر سۈرگەن ئېللىنلەر ھۆكۈمرانلىقى ۋە شەرقىي ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان توخار تىلى كۇسەن ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسى - دىنىي جەھەتتىكى دۇنياۋىي گېگېمونلۇق ئېھتىياجلىرىغا بىنائەن، ئەنە شۇنداق مۇھىتتا تولۇق تىللارنىڭ چېتىلىشى ئارقىسىدا دىنىي ئەدەبىيات تىلى بولۇپ شەكىللەندى. ئەلۋەتتە، بۇ تىل ساپ گىرېك تىلى ياكى ساپ فارس تىلى ئەمەس، ئۇ گىرېك تىلىنىڭ مەھەللىي تىللار بىلەن قوشۇلۇپ، مەھەللىي تۈس ئالغان ئوتتۇرا ئاسىياچە نۇسخىسىدىن ئىبارەت. سانسكرىت تىلى بىراخمان دىنىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى. براخما دىنىغا قارشى كۆرەشكەن بۇددا ( ساكيامونى ) ئۆز دىنىنى سانسكرىت تىلى بىلەن تەرغىب قىلىشقا قارشى تۇرغان ۋە كۆپ سانلىق تۆۋەن قاتلام خەلقىنىڭ ئاغزاكى تىلى بىلەن ئىزاھلاشقا تىرىشقان. لېكىن بۇددانىڭ قانداق تىلدا سۆزلىگەن ۋە سۆزلەيدىغانلىقى ھېچكىمگە ئېنىق ئەمەس.

ساكيامونى دېمەك = ساك قەبىلىسىدىن چىققان دەرۋىش دېمەكتۇر.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇددانىڭ تەلىماتى ئۇ، ئۆلۈپ يۈز يىلدىن كېيىن
ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ يىغىلىشتىن كېيىن كىتاب قىلىپ يېزىلىشقا
باشلانغان، شۇنىڭغا قەدەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇددا ھايات
ۋاقتىدا، بۇددا دىنىنىڭ كىتابى بولغان ئەمەس. بۇددا ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى
ھازىرقى نېپال دائىرىسىدە تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
چارىكىدە دۇنياغا كەلگەن. لېكىن ھاياتىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى ھازىرقى ھىندىس-
تاننىڭ بىخار شتاتىدا يەنى ئۆز ۋاقتىدىكى ماگادخا (Magolha) دۆلىتىدە بۇددا
دىنىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئېھتىمال، بۇددا ئۆز تەرغىباتىنى ماگادى-
خا تىلى بىلەن ئېلىپ بارغاندۇر. بۇددانىڭ تەلىماتىنى رەسمىي رەۋىشتە ۋە
كەڭ كۆلەمدە كىتابلاشتۇرۇش ئاسوكا دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇددا مۇرىتلىي-
رىنىڭ 3 - قېتىملىق چوڭ يىغىلىشىدىن كېيىن بولغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە
بۇددا دىنى ھىندىستاندىن ئاسوكا زامانىدا ئامۇۋىي ئاساسقا ئىگە بولغان ۋە
دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قاراپ كېڭەيگەن. پالى تىلى ئاساسەن ئاسوكا دەۋ-
رىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەم خۇددى سانسكرىت تىلىغا ئوخشاش بىر
دىنىي تىلدۇر. پالى تىلىدىكى بۇددا دىنىي ئەسەرلىرىنى ھازىرقى كۈندىكى بىرما،
تايلاند، لائوس، كامبودژا ۋە ۋېتناملاردىن كەڭ دائىرىدە تاپقىلى بولىدۇ، لې-
كىن پالى تىلى ھېچقاچان بۇ مەملىكەتلەردىكى ئاھالىنىڭ ئاغزاكى تىلى بولغان
ئەمەس. ئاسىيا - ئامېرىكا ئىرقى موڭغۇلوئىد بولغان بۇ خەلقلەر ھېچقاچان
ھىندۇ - ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلەشكەن ئەمەس. مىڭ يىلدىن ئوشۇق بىر دەۋر
داۋامىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپانلاردىن تېپىلغان
ئاتالمىش «تۇخار» تىلىدىكى پارچە - پۇرات دىنىي ھۆججەتلەر بۇ رايوندا ھىن-
دۇ - ياۋروپا تىلىدا سۆزلەشكەن بىر خەلقنىڭ ياشىغانلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ،
تۇخار تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھېچقانداق بىر خەلقنىڭ مەھەللىي ئاغزاكى تىلى ئەمەس،
بولۇپمۇ كۇچا ياكى قاراشەھەرلىكلەرنىڭ ئاغزاكى تىلى ئەمەس. كۇچا، قارا-
شەھەر، تۇرپانلار ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ماكانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ
تىلى ئەزەلدىن تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدۇر. تۈركىي تىل جاھان
تارىخىدا ئەڭ قەدىمىي ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر تىل بولۇپ، بۇنى مۇندىن
6 مىڭ يىللار بۇرۇن دۆلەت قۇرغان سومېرلارنىڭ تىلى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ
تىل شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربتە كارپات تاغلىرىغىچە سوزۇلغان بىر دائى-
رىدە ئەزەلدىن مەۋجۇتتۇر. VI ئەسىردە تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ
بۇگۈنكى ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق خەلقلەرنى تۈركلەشتۈرگەن دېگەن گەپ

بىلەن تارىم ۋادىسىنى IX ئەسىردە ئۇيغۇرلار كېلىپ ئۇيغۇرلاشتۇرغان دېگەن گەپ بىر - بىرىگە ئاھاڭداش، ئىلمىي بولمىغان توقۇلما گەپلەردۇر.

زېمىن - تېررىتورىيىلىك ئۇقۇم تۇران (Turan) نى ئىرق - مىللەت مەنىسىدە چۈشەنگەن گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىم: «يېقىنقى زامان ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى هازىرقى تۈركىي خەلقلەر (厥突族) نىڭ بىرشىخى بولغان تۈرك (突厥) نى قەدىمكى تۇران خەلقىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ، ئەسلى يېزىلىشى Turk بولۇپ كۆپلۈكسان Turlakr دۇر دەيدۇ («سۈي - تاڭ تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى 12 - بەت) شۇنداق! بىراق، «تۇران» دېمەك «تۇر» ياكى «تۇرالار» نىڭ يۇرتى دېمەك بولۇپ، بۇ قەدىمكى گىرېك قەبىلىلىرىدىن بىرى «ИОН» لارنىڭ يۇرتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئىئونان— يۇنان» ۋە «ئازىيانلارنىڭ يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ««ئىران» غا ئوخشاش تېررىتورىيە ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇدۇر. خەن خاندانلىقى دەۋرىنىڭ مەنبەلىرىدە «تۇرا» دېگەن سۆز «دىڭلىڭ» (丁灵,丁零) دەپ پۈتۈلگەن، مىلادى IV — V ئەسىرلەردىن ئېتىبارەن تۇرالار «تېلې» (铁勒)، «تۈجۈ» (突厥) تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر» (خۇيخې 回纥) نامى بىلەن جۇڭگو تارىخىغا كىرگەن.

«تۇرالار» ئايرىم مەنبەلەردە «تۇرامان» دەپ قەيت قىلىنىدۇ، «تۇرامان» هەم «تۇرا يۇرتى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، شۇنىڭغا ئوخشاش هازىرقى «تۈركمەن» دېگەن مىللەت ئاتالغۇسىمۇ ئەسلىدىكى «تۈركمەن» (تۈرك يۇرتى) دېيىلگەن يۇرت ئەل ئاتالغۇسىدىن كەلگەن. تۈركمەنلەر هازىرقى تۈركمېنىستاننىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت ئاھالىسى بولۇپ ئاتالمىش «توخار» لارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

دۇنيانىڭ هەر مىللەتلىرىگە ئوخشاش تۈركلەردىمۇ تېررىتورىيىلىك زېمىن قارىشى بولغان، ئۇلار قەدىمدە ئۆز يۇرتىنى «تۇران»، «تۇرامان»، «تۈركمەن» دەپ ئاتايدىغان ۋە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ بىلگەن. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىم: «چۇ (cu) دەرياسىنىڭ جەنۇبى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىنى تۈرك خەلقى ئەزەلدىن دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قارىغان، هىندىستانلىقلارمۇ ئۆز مەملىكىتىگە شۇنىڭغا ئوخشاش قاراش بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن فاشيەن «بۇددا كەزگەن هىندىستان» دا، شۇنجۇاڭ (ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرب ئەللىرى) دە ئاتىغان (ئوتتۇرا مەملىكەت) (中国) ئومۇمەن هىندىستاننى كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش خەنزۇلارمۇ ئۆزىنى جۇڭگو دەپ ئاتىغان، دەيدۇ («سۈي-تاڭ تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى 23 - بەت).

خۇلاسە، ئوتتۇرا ئاسىيا — تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى. تۈرك تىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈپ تىلى. تۇخارلار بىر تۈركىي خەلق. ياۋچىلار باشچىلىقىدا تۇخارىستاننى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان كۇسەن ئىمپېرىيىسى جاھان تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىن مىلادى V ئەسىرگىچە دەۋر سۈرگەن. بۇ ئىمپېرىيە تازا كۈچەيگەن دەۋرلەردە ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستان ۋە تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان①.

كۇچا VI — VII ئەسىردە داۋام قىلغان كۇسەن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ يىرىك مەدەنىي مەركەزلەردىن بىرى بولغان. لېكىن كۇچا باشتىن - ئاياق كۇچا بولۇپ كۇسەن ئەمەس. ئامېرىكىلىق ئا. ك. تارانتىيان «1983 - يىلى ياپونىيە پايتەختى توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا - ئافرىقىنىڭ گۇمانىتار پەنلەر بويىچە 31 - قېتىملىق خەلقئارا يىغىنىدا سۆزلەنگەن ئىمروزىسى»② دە كۆرسەتكىنىنىڭ ئەكسىچە، يېقىنقى زاماندا كۇچادىن تېپىلغان سانسكرىت ۋە تۇخار تىلىدا يېزىلغان يول خەتتىكى:

«TOKhariKa—KucanneiscaKe»

كۇچادا ھىندۇ - ياۋرو ئىرقىدىن بولغان ھىندۇ - ياۋروپا تىللىق بىر مىلـ

---

① ساسانى شاھلىرىدىن شاپۇر I (242—273) مىلادى III ئەسىردە باستۇرۇپ كىرىپ ياقتىرىيىنى بويسۇندۇرغان ۋە كۇسەننى فارىسلارنىڭ مېتروپوليىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شاپۇر II (310—379) دەۋرىدە فارىسلار روما بىلەن بولغان ئۇرۇش ھالاكەتچىلىكىدە قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۇسەن قايتىباشتىن مۇستەقىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتەرگەن. روما بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ساسانىلار دۆلىتى كۇسەن ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغان. لېكىن روماليقلار بىلەن يەنە ئۇرۇش قوزغىلىپ كېتىپ كۇسەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شاپۇر II مىلادى 359 - يىلى كۇسەن دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى يەرلىرىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى تولۇق ئېتىراپ قىلغان. بەزىلەر كۇسەن ئىمپېرىيىسىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ساسانىلار دۆلىتى باستۇرۇپ كىرگەن مىلادى III ئەسىرگىچە دەۋر سۈرگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. كۇسەن ئىمپېرىيىسى ئىپتال ياكى ئاق ھۇن دەپ ئاتالغان بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئىسيانى ئارقىسىدا V ئەسىردە غۇلاپ چۈشكەن.

② «中国史研究动态» (جۇڭگو تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى)

لەتنىڭ ياشىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى كۇچانىڭ كۇسەن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە، بۇ ئىمپېرىيەنىڭ بازىسى بولغان توخارىستان بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، كۇسەن دېمەك توخارىستان دېمەك بولۇپ، «كۇسەن قىزى» دېگەن سۆپەت ئىسىم ئۆز دەۋرىدە «توخار قىزى» بىلەن تەڭداش قوللىنىلغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. كۇچانى «كۇسەن» دەۋېلىش خۇددى يۇرتىمىزدىكى بەزى قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىنى ساپايى بىلەن «شەھىرى بەربەر»، «شەھىرى خەيبەر»، «شەھىرى باغداد» دەپ داتلاپ يۈرىيدىغان مەدداھلارنىڭ بەدىئىي توقۇلمىسى بولۇپ، تارىخشۇناسلىقتا ئىلمىي كۆپ ئەمەس.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:


1) فرىدرىخ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» («ك. ماركس، ف. ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەلق نەشرىياتى نەشرى IV توم).
2) رى جى: «دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر يۈز يىل مابەينىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيەسى» («تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 - يىل 2 - سان).
3) سېن لىنشياۋفۇ: «مىلادى 789 — 792 - يىللاردا بېشبالىقنى زادى ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەنمۇ، ياكى تۇبۇت تۆپەلەرمۇ؟» (مىنىزۇ يېسۈك» 1982 - يىل 3 - سان)
4) مېي سۇندەن: «دۇنخۇاڭنى مەركەز قىلغان مىللەتلەرنىڭ ۋەزىيىتى» («مىنزۇ يېسۈك» 1982 - يىل 5 - سان)
5) A. k. نارانيان: «جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي ھىندۇ - ياۋروپالىقلار پەيدا بولغان يەر ئىكەنلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا» («جۇڭگوشى يەنجيۇ دۇڭتەي» 1984 - يىل 10 - سان).
6) نېي تيەنىيىنفېڭ: «توخارىستان تارىخى ھەققىدە ئانالىز» («مىنزۇ يېسۈك» 1981 - يىل 2 - 3 - سانلار).
7) جيەن بوزەن: «چىن - خەن تارىخى» بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى نەشرى،
8) خەن گوپەن: «سۇي — تاڭ سۇلالىرى ۋە بەش دەۋر تارىخىنىڭ تېزىسلىرى» خەلق نەشرىياتى نەشرى.

9) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
10) بەن گۇ: «خەن تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
11) جېن شۇ: «ئۈچ دۆلەت تەپسىراتى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
12) فەن يې: «كېيىنكى خەن تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
13) ۋېي شۇ: «ۋېي تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
14) ۋېي جېڭ «سۇي تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
15 ئوياڭشۇ، سۇڭچى: كونا ـ يېڭى «تاڭ تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى.
16) سېن جۇڭميەن «سۇي ـ تاڭ تارىخى» جۇڭخۇا شۇجۇ نەشرى
17) خاتانى ليوتېكى: «غەرپ ئەللىرىدە بۇددىزم» شاڭخۇ يىنشۇگۈەن نەشرىـ خې چاڭچۈن تەرجىمىسى. 1956 ـ يىل نەشرى.
18) I. H. قۇرەيىش: «پاكىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» سىچۈەن داشۆ تەرجىمە قىلغان، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى نەشرى.
19) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «ئۆزبېكىستان خەلقلىرى تارىخى» رۇسچە نەشرى، تاشكېنت.
20) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆز- بېكچە نەشرى. تاشكېنت. 1956 ـ يىل نەشرى.
21) «چوڭ سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى. موسكۋا، 1977 ـ يىل نەشرى.
22) يۇي تيەنخىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تارىخى»، گېڭ شىمىن تەرجى- مىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى .

---

### تۈزىتىش

ئىچكى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ يىلقى 1 ـ 2 ـ قوشما سانىنىڭ 58 ـ بېتى بىلەن 59 ـ بېتىنىڭ بەت نومۇرى ئالمىشىپ قالغان. كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىۋېلىشىنى سورايمىز.